# 107450 - تەۋھىد كەلىمىسىنى يەتمىش مىڭ قېتىم زىكىر قىلىش

## سوئال

سوئال:
**«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»**دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى 70 مىڭ قېتىم ئوقۇسا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنامدۇ؟

## تەپسىلى جاۋاپ

جاۋاب:
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە،**«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»**دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى 70 مىڭ قېتىم ئوقۇسا پۈتۈن گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ دەپ كەلمىگەن. شۇڭا بۇ سۆزنى دىنغا ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ سۆز ھەدىستە ئەمەس، بەلكى ئىبنى ئەرەبىي دېگەن ئازغۇن كىشىنىڭ سۆزلىرىدە تېپىلىدۇ. ئۇ **«ھېكمەتلەر»**دېگەن كىتابىدا:« سىزنىڭ،**«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»**دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى 70 مىڭ قېتىم ئوقۇۋۇشىڭىزنى شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى دوۋزاخ ئوتىدىن ئازات قىلىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. بۇ ھەقتە ھەدىسمۇ كەلگەن.» دېگەن.
بىز بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ئۇلۇغلىقىغا ۋە پەزىلىتىگە ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز. بۇ كەلىمە قىيامەت كۈنىدە دوۋزاخ قۇتۇلۇشىنىڭ ۋە ياخشىلىق تارازىدا ئەمەللەرنىڭ ئېغىر كېلىشىنىڭ ۋاستىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« كىمكى ،**«لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»**دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى چىن دىلىدىن بېرىلىپ ئوقۇيدىكەن، ئاللاھ دوۋزاخ ئوتىنى ئۇنىڭغا ھارام قىلىدۇ» دېگەن.(بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىس).
بىزنىڭ ئىنكار قىلىدىغىنىمىز بۇ تەۋھىد كەلىمىسىنى مۇشۇ مەخسۇس سانغا بەلگىلىۋېلىش، بۇ سۆزنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىشتۇر. شەيخ ئىبنى تەيمىيە « لائىلاھە **«ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ»**دېگەن تەۋھىد كەلىمىسىنى 70مىڭ قېتىم ئوقۇپ ئۇنى مېيىتقا ئاتىسا، شۇ مېيىت دوۋزاختىن ئازات بولىدۇ»دېگەن سۆز ھەدىسمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ شۇنداق ئوقۇپ مېيىتقا ئاتىسا ساۋاب بولامدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن:« بۇ ھەدىس ئەمەس. تەۋھىد كەلىمىسىنى 70 مىڭ قېتىم ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ

ياكى ئاز قىتىم ئوقۇپ مىيتقا ئاتىسا ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پايدىسى بولىدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.